
جاسۇسلارنىڭ ھۆكمى
(فىقھى مەسىلىلەر)
تۈزگۈچى: مۇجاھىد ئابدۇسالام
تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى ئىسلام ئاۋازى تەشۋىقات مەركىزى

# جاسۇسلارنىڭ ھۆكمى

## (فىقھى مەسىلە)

تۈزگۈچى:

مۇجاھىد قېرىنداشلار: ئابدۇسالام

ت ئى پ ئىسلام ئاۋازى تەشۋىقات مەركىزى

بسم الله الرحمن الرحيم

# كىرىش سۆز

**السلام عليكم ورحمة الله وبركاته**

ئەزىز مۇسۇلمان قېرىنداشلار! ھەممىمىزگە مەلۇمكى، الله نىڭ ياردىمى بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ، ئۇنىڭ ساھابىلىرى ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر ئۆزلىرىنىڭ بارلىقىنى ئىسلام دىنىغا بېغىشلاپ، ئىسسىق قانلىرىنى ئاققۇزۇش ئارقىلىق، الله نىڭ دۈشمىنى ۋە پۈتكۈل ئىسلام ئۈممىتىنىڭ دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ھالدا ھەقىقى ئىززەتلىك ھاياتتا ياشىغان ئىدى. ئەمما يېقىنقى ئىككى ئەسىر مابەينىدە، بولۇپمۇ، بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە الله نىڭ بۈيۈك كالامى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننەتلىرىگە قاتمۇ-قات ھاقارەتلەر ياغدۇرۇلدى.

ئەزىز مۇسۇلمان قېرىنداشلار! بىز بارلىق ئىمكانىيەتلىرىمىزنى الله يولىدا سەرپ قىلىپ، بۇ يولدا بىزگە ئۈلگە بولغان رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە ئەگەشسەك، ھەقىقى ئىززەت بىلەن ياشايمىز.

ئەزىز دىنى قېرىنداشلار! مېنىڭ بۇ كىتابنى يېزىشتىكى مەقسىتىم: بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە الله نىڭ رەھمىتى بىلەن ئىسلام ئۈممىتى ئويغىنىشقا باشلىدى ۋە ھەقىقەت يولىغا قايتىۋاتىدۇ. بۇ جەرياندا نۇرغۇنلىغان ئۇستازلىرىمىز، ئۆلىمالىرىمىز ۋە دىنى يول باشچىلىرىمىز ئۆزىنىڭ ئىسسىق قانلىرىنى ئاققۇزۇش ئارقىلىق ئىسلام ئۈممىتىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭغان پارلاق يولغا باشلاپ تۇرۇپتۇ. شەيتاننىڭ قوشۇنلىرى بولغان مەلئۇن كاپىرلار ھەم بىرلىشىپ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلماقتا.

الله قا ھەمدىلەر بولسۇنكى، بۇ كاپىرلار سان، ئەسكىرى تەييارلىق، تېخنىكا ۋە ئىقتىسادى ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە مۇسۇلمانلاردىن تولىمۇ ئىلغار تۇرۇقلۇق،

كۆپ زەربىلەرنى يېدى ۋە ئاللىقاچان مەغلۇپ بولۇشقا يۈزلەندى. مۇسۇلمانلار بىلەن يۈزمۇ-يۈز ئۇرۇش قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن بۇ كاپىرلار، مۇسۇلمانلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئىگىلەش ئۈچۈن دۇنيانىڭ قۇلى بولۇپ كەتكەن بىر تۈركۈم ساددا كىشىلەرنى مۇسۇلمان قىياپىتىدە مۇجاھىدلارنىڭ سەپلىرىگە كىرگۈزدى. بۇ ئارقىلىق شەيخ ئەتىيەتۇللاھ، شەيخ ئەبۇ يەھيا، شەيخ مەنسۇر، شەيخ خالىد ھۈسەينان، شەيخ ئەلى، ئەمىرىمىز ئابدۇشۈكۈر دامولام، سابىق قوماندانىمىز سەيفۇللاھ دامولام، ئۇستاز ئابدۇلئەزىز، ئۇستاز ئابدۇلكەرىم، ئۇستاز ئابدۇلمۇھسىن، ئۇستاز مۇھەممەد فاتىھ يەھيا، مۇھەممەد تاھىر فارۇق، ئەبۇ مۇسئەب زەرقاۋى، بەيتۇللا مەسئۇد... ۋە ئۇنىڭدىن باشقا سان-ساناقسىز سۆيۈملۈك ئۇستاز، ئالىم ۋە دىنى قېرىنداشلىرىمىزنى شەھىد قىلدى. نۇرغۇنلىغان دىنى قېرىنداشلىرىمىزنى ئەسىر قىلدى.

بۇ جاسۇسلارنىڭ زىيىنى كۈنسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، مۇسۇلمان قىياپىتىگە كىرىپ تۇرۇپ جاسۇسلۇق قىلىۋاتقانلارغا نىسبەتەن، ئىسلام دىنىمىزنىڭ قانداق يول كۆرسەتكەنلىكىنى، سەلەف ئۆلىمالىرىمىزنىڭ قانداق يول تۇتقانلىقىنى ۋە قانداق پەتىۋا بەرگەنلىكىنى ئەسلىتىش ئۈچۈن بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم.

ئەزىز مۇسۇلمان قېرىنداشلار! ھەرقانداق بىر دۆلەتنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرالىشى ئىستىخبارات ئورگانلىرى (يەنى بىخەتەرلىك ئىدارىسى) بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئىشلىرى، رەھبەرلىك ئىشلىرى ۋە دۆلەتنىڭ ئاساسلىق ئومۇمي مەخپىي ئىشلىرىنى شۇ ئىستىخبارات ئورگانلىرى ھېچقانداق ۋاستە تاللىماستىن قوغداش رولىنى ئۆتەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار بۇ نىجىس كاپىرلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشى ۋە بۇ ئىستىخبارات ئىدارىلىرىنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانى قىلىشى كېرەك.

ئۇلۇغ رەببىمىز الله دىن پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى، جۈملىدىن تۈركىستان ئىچىدىكى بارلىق مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىزنى كاپىرلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىدىن، شۇنداقلا، مىللىتىنى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى تونۇمايدىغان

ۋىجدانسىز ئىپلاس جاسۇسلارنىڭ زىيانلىرىدىن ساقلىشىنى سېغىنىپ سورايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مۇسۇلمانلارغا زىيان سېلىۋاتقان ۋىجدانسىز ئىپلاس جاسۇس، مۇرتەدلەرنى ئۆلتۈرۈپ، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ قىساسىنى ئالالايدىغان مۇجاھىدلارنى چىقىرىپ بېرىشىنى ھەم سورايمىز.

شۇنداقلا، ئۇلۇغ رەببىمىز الله دىن بۇ ئىپلاس جاسۇسلۇق خىزمىتىگە بىلىپ ـ بىلمەي كىرىپ قېلىشىمىزدىن پاناھ تىلەيمىز.

ئاخىرىدا رەسۇلۇللاھ ﷺ گە، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلارغا، تابىئىنلارغا ۋە ئۇلارغا ياخشىلىقچە ئەگەشكەن بارلىق مۇسۇلمان ـ مۇئمىنلەرگە الله نىڭ رەھمەت قىلىشىنى، جەننەتتە جامالىنى كۆرۈش نېئمىتىگە مۇيەسسەر قىلىشىنى سورايمىز. ئامىين!

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا، مۇجاھىدلارغا، مۇجاھىدلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىغا، شەھىدلەرنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا، بولۇپمۇ، زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان ئاجىز، بىچارە مۇسۇلمانلارغا ۋە كاپىرلارنىڭ قاراڭغۇ زىندانلىرىدا يېتىۋاتقان مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا الله ئۆزى ئىگە بولۇپ رەھىم قىلىشىنى، ئۇلارغا سەبىر ئاتا قىلىشىنى، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغفىرەت قىلىشىنى ۋە نېئمەتلىك جەننەتلەرگە مۇيەسسەر قىلىشىنى سورايمىز. ئامىين!

بسم الله الرحمن الرحيم

شۈبھىسىزكى، جىمى ھەمدۇسانا الله قا خاستۇر. ئۇ زاتنى مەدھىيلەيمىز، ئۇنىڭدىن ياردەم ۋە مەغفىرەت تىلەيمىز. نەپسىمىزنىڭ يامان خاھىشلىرىدىن، خاتا قىلمىشلىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن الله قا سېغىنىمىز. الله ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ، الله ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، تەڭداشسىز بىر الله دىن باشقا ھېچبىر ھەقىقى ئىلاھ يوقتۇر. الله يەككە-يېگانە ھېچقانداق شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

بىز بۇ كىتابتا مۇسۇلمانلارنىڭ مەخپىيەتچىلىكلىرىنى كاپىرلارغا يەتكۈزىدىغان جاسۇسلار ھەققىدە توختىلىش بىلەن بىرگە، جاسۇسلۇقنىڭ مۇتلەق ھۆكۈمىنى بايان قىلىمىز.

مۇسۇلمانلارغا قارشى جاسۇسلۇق قىلىدىغان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەخپىيەتچىلىكلىرىگە ئەگەشكەن كىشىلەر ئۈچۈن، قۇرئان كەرىم ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەدىسلىرىدە قاتتىق تەھدىت ۋە كۈچلۈك چەكلىمىلەر كەلگەن.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اجْتَنِبُوا كَثِيرًا مِنَ الظَّنِّ إِنَّ بَعْضَ الظَّنِّ إِثْمٌ وَلَا تَجَسَّسُوا وَلَا يَغْتَبْ بَعْضُكُمْ بَعْضًا أَيُحِبُّ أَحَدُكُمْ أَنْ يَأْكُلَ لَحْمَ أَخِيهِ مَيْتًا فَكَرِهْتُمُوهُ وَئاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ تَوَّابٌ رَحِيمٌ﴾**

**(الحجرات: 12)**

﴿ئى مۇئمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلىدىكىلىرىڭلارغا ۋە كىشىلەرگە گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر،

(مۆئمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى) ئىزدىمەڭلار، بىر-بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، الله تىن قورقۇڭلار، الله (تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ قىلغان) تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر [12].﴾

**عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «إياكم والظن، فإن الظن أكذب الحديث، ولا تحسسوا، ولا تجسسوا، ولا تناجشوا، ولا تحاسدوا، ولا تباغضوا، ولا تدابروا، وكونوا عباد الله إخوانا.»** (متفق عليه)

ئەبۇ ھۇرەيرە ﷛ دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «گۇمان قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار، چۈنكى گۇمان قىلىش- سۆزلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يالغىنىدۇر، بىر-بىرىڭلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەڭلار، جاسۇسلۇق قىلىشماڭلار، شەخسىيەتچىلىك قىلىشماڭلار، ھەسەد قىلىشماڭلار، ئۆچمەنلەشمەڭلار، تەتۈر قاراشماڭلار، الله نىڭ قېرىنداش بەندىلىرىدىن بولۇڭلار.» (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

**وعن أبي برزة رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «يا معشر من آمن بلسانه ولم يدخل الإيمان قلبه: لا تغتابوا المسلمين ولا تتبعوا عوراتهم؛ فإنه من اتبع عورة أخيه المسلم يتبع الله عورته، ومن يتبع الله عورته يفضحه ولو فى جوف بيته.»** (أخرجه أحمد وأبو داود والبيهقي وأبو يعلى)

ئەبى بەرزە ﷛ دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «ئى تىلى بىلەن مۇسۇلمان بولغان ۋە دىلىغا ئىمان سىڭمىگەنلەر! مۇسۇلمانلارغا ئازار بەرمەڭلار، ئۇلارنى ھاقارەتلىمەڭلار، ئۇلارنىڭ ئەيىبىنى كوچىلىماڭلار. چۈنكى قانداق بىر كىشى قېرىندىشىنىڭ ئەيىبىنى كوچىلىسا، الله ئۇنىڭ ئەيىبىنى كوچىلايدۇ. الله قانداق بىر كىشىنىڭ ئەيىبىنى كوچىلىسا، ئۇنى ئۆيىنىڭ ئىچىدە بولسىمۇ رەسۋا قىلىۋېتىدۇ.» (ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان)

**فعن المستورد بن شداد رضي الله عنه أن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «من أكل برجل مسلم أكلة فإن الله يطعمه مثلها من جهنم، ومن اكتسى برجل مسلم ثوباً فإن الله يكسوه مثله من جهنم، ومن قام برجل مسلم مقام سمعة ورياء فإن الله يقوم به مقام سمعة ورياء يوم القيامة.»** (رواه أحمد وأبو داود والحاكم وغيرهم)

مۇستەۋرىد ﷺ دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قانداق بىر كىشى بىر مۇسۇلماننىڭ غەيۋىتىنى قىلىش بەدىلىگە بىر لوقما تائام يېسە، الله ئۇنىڭغا جەھەننەمدە (ئوت ۋە ئازابتىن) شۇنىڭغا ئوخشاش تاماق يېگۈزىدۇ. قانداق بىر كىشى بىر مۇسۇلماننىڭ غەيۋىتىنى قىلىش بەدىلىگە بىر قۇر كىيىم كىيسە، الله ئۇنىڭغا جەھەننەمدە (ئوت ۋە ئازابتىن) شۇنىڭغا ئوخشاش كىيىم كىيگۈزىدۇ. قانداق بىر كىشى ياخشىچاق بولۇۋېلىپ ۋە رىياكارلىق قىلىپ بىر مۇسۇلمانغا زىيان سالسا، الله تائالا قىيامەت كۈنى ئۇنى رىياكارلار قاتارىدا تۇرغۇزۇپ قويىدۇ.» (ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم ۋە ئۇلاردىن باشقىلار رىۋايەت قىلغان)

**وعن حذيفة رضي الله تعالى عنه قال سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول: «لا يدخل الجنة قتات.»** (رواه البخاري ومسلم وغيرهما)

ھۇزەيفە ﷺ مۇنداق دېدى: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «سۇخەنچى جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. (بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئۇلاردىن باشقىلار رىۋايەت قىلغان)

ئى مۇسۇلمان قېرىندىشىم! مۇسۇلمانلارنىڭ سۆزىنى مۇسۇلمانلارغا يۆتكىگەن سۇخەنچى (يەنى چېقىمچى)لارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا شۇ دەرىجىدە ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تەھدىت ھەدىسلەر كەلگەن بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ خەۋەرلىرىنى الله نىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان كاپىرلارغا يۆتكىگەن سۇخەنچى (يەنى چېقىمچى)لارنىڭ ئەھۋالى نېمە بولۇپ كېتەر؟ شۇڭا مەن بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمنىڭ چېقىمچىلىقتىن ئىبارەت يىرگىنىشلىك ۋە پەسكەش ئىشلارغا چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ھەر دائىم ئېھتىيات قىلىشنى سەممىيلىك بىلەن تەۋسىيە قىلىمەن.

يەتكۈزگەن خەۋەرلىرىنىڭ مۇكاپاتىغا تاغۇتلاردىن ئازغىنە مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىتلار ھاسىرىغانغا ئوخشاش تىللىرىنى چىقىرىپ ھاسىراپ يۈرىدىغان جاسۇسلار جەھەننەمنىڭ يىرىڭ-زەردابلىرى، يىمەكلىكلىرى ۋە جەھەننەمنىڭ ئوتتىن بولغان كىيىملىرى بىلەن خۇش بېشارەت ئالسۇن!

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَالَّذِينَ كَفَرُوا قُطِّعَتْ لَهُمْ ثِيَابٌ مِنْ نَارٍ يُصَبُّ مِنْ فَوْقِ رُءُوسِهِمُ الْحَمِيمُ * يُصْهَرُ بِهِ مَا فِي بُطُونِهِمْ وَالْجُلُودُ * وَلَهُمْ مَقَامِعُ مِنْ حَدِيدٍ * كُلَّمَا أَرَادُوا أَنْ يَخْرُجُوا مِنْهَا مِنْ غَمٍّ أُعِيدُوا فِيهَا وَذُوقُوا عَذَابَ الْحَرِيقِ﴾ (الحج: 19~22)

﴿(مۇئمىنلەر ۋە كۇففارلاردىن ئىبارەت) بۇ ئىككى (پىرقە) پەرۋەردىگارى توغرىسىدا مۇنازىرىلەشتى (يەنى مۇئمىنلەر بىلەن كۇففارلار اللە نىڭ دىنى ئۈستىدە بەس-مۇنازىرە قىلىشىپ، مۇئمىنلەر اللە نىڭ دىنىغا ياردەم بەرمەكچى بولدى، كۇففارلار اللە نىڭ نۇرىنى ئۆچۈرمەكچى بولدى). كاپىرلارغا ئوتتىن كىيىملەر پىچىلىدۇ، ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ قۇيۇلىدۇ [19]. ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچ-باغرى ۋە تېرىلىرى ئېرىتىلىدۇ [20]. ئۇلار تۆمۈر توقماقلار بىلەن ئۇرۇلىدۇ [21]. ھەرقاچان ئۇلار (يېتىۋاتقان) غەم-قايغۇنىڭ قاتتىقلىقىدىن دوزاختىن چىقماقچى بولسا، ئۇلار دوزاخقا قايتۇرۇلىدۇ، (ئۇلارغا) كۆيدۈرگۈچى (دوزاخ) ئازابىنى تېتىڭلار (دېيىلىدۇ) [22].﴾

وقال عز وجل: ﴿وَاسْتَفْتَحُوا وَخَابَ كُلُّ جَبَّارٍ عَنِيدٍ * مِنْ وَرَائِهِ جَهَنَّمُ وَيُسْقَى مِنْ مَاءٍ صَدِيدٍ * يَتَجَرَّعُهُ وَلَا يَكَادُ يُسِيغُهُ وَيَأْتِيهِ الْمَوْتُ مِنْ كُلِّ مَكَانٍ وَمَا هُوَ بِمَيِّتٍ وَمِنْ وَرَائِهِ عَذَابٌ غَلِيظٌ﴾ (إبراهيم: 15~17)

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەيغەمبەرلەر اللە تىن مەدەت تىلىدى، ھەربىر ئۇچىغا چىققان تەرسا، شەپقەتسىز (يەنى اللە قا ئىتائەت قىلىشقا گەدەنكەشلىك قىلىپ ھەقىقەتتىن باش تارتقۇچى) ھالاك بولدى [15]. ئۇنىڭ ئالدىدا جەھەننەم تۇرىدۇ، جەھەننەمدە ئۇ يىرىڭ ئارىلاش سۇ بىلەن سۇغۇرۇلىدۇ [16]. (ئۇنىڭ ئاچچىقلىقىدىن) ئۇنى يۇتۇملاپ ئىچىپ تەسلىكتە يۇتىدۇ، ئۆلۈم ئۇنى

قورشۋالىدۇ. لېكىن ئۇ ھەرگىز ئۆلمەيدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ [17].﴾

بۇ جاسۇسلار- ئارقىسىدا كېلىدىغان ئۇزۇن بىر كۈن، قاتتىق ئازاب ۋە قىيىن بولغان ھېسابنىڭ بارلىقىنى بىلىپ قويسۇنكى، شۇ كۈندە ئۇلارنىڭ جاسۇسلۇق قىلىش سەۋەبى بىلەن تۆكۈلگەن ھەربىر قاندىن، دەپسەندە قىلىنغان يۈز- ئابرۇيلىرىدىن، ۋەيران قىلىنغان ئۆيلەردىن، يېتىم قالغان بالىلاردىن ۋە كاپىرلارنىڭ تۈرمىلىرىگە ئەسىر چۈشۈپ قالغان قېرىنداشلارنىڭ ھەربىرى توغرۇلۇق سورىلىدۇ. جاسۇسلار بۇلارنىڭ ھەممىسىگە جاۋاب تەييارلاپ قويسۇن! تەۋبە قىلماقچى بولغانلار ۋە بۇ نىجىس خىزمەتلەردىن قول ئۈزۈشنى ئىرادە قىلغانلار ئۈچۈن ھاياتي دۇنيادا كەڭچىلىك بار. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلار بۇ قىلمىشىدىن دەرھال يېنىشى ۋە تەۋبە قىلىشقا ئالدىرىشى كېرەك! ئەگەر تەۋبە قىلماي بۇ ناچار قىلمىشىنى داۋاملاشتۇرسا ۋە ھەددىدىن ئاشسا، جەھەننەم ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئوخشاشلىرىدىن مىليون-مىليون جاسۇسلارنى سىغدۇرالايدۇ.

﴿إِنَّ شَجَرَةَ الزَّقُّومِ *طَعَامُ الْأَثِيمِ * كَالْمُهْلِ يَغْلِي فِي الْبُطُونِ * كَغَلْيِ الْحَمِيمِ * خُذُوهُ فَاعْتِلُوهُ إِلَى سَوَاءِ الْجَحِيمِ * ثُمَّ صُبُّوا فَوْقَ رَأْسِهِ مِنْ عَذَابِ الْحَمِيمِ * ذُقْ إِنَّكَ أَنْتَ الْعَزِيزُ الْكَرِيمُ * إِنَّ هَذَا مَا كُنْتُمْ بِهِ تَمْتَرُونَ﴾ (الدخان: 43~50)

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿زەققۇم دەرىخى ھەقىقەتەن گۇناھكارلارنىڭ تامىقىدۇر [43—44]. ئۇ ئېرىتىلگەن مىستەك (قىزىق) دۇر، ئۇ قورساقلاردا قايناقسۇدەك قاينايدۇ [45—46]. (دوزاختا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە:) «ئۇنى تۇتۇپ سۆرەپ دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ بېرىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭ بېشىغا قايناقسۇ قۇيۇپ ئازابلاڭلار» دېيىلىدۇ [47-48]. (ئۇنىڭغا خارلاش ۋە مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن) «(بۇ ئازابنى) تېتىغىن، سەن ھەقىقەتەن ئىززەتلىك ئۇلۇغ زات ئىدىڭ [49]. بۇ (ئازاب) ھەقىقەتەن (ھايات ۋاقتىڭلاردا) سىلەر شەكلەنگەن نەرسىدۇر» دېيىلىدۇ [50].﴾

# مۇسۇلمانلارغا قارشى قىلىنغان جاسۇسلۇق ـ كاپىرلارنى دوست تۇتقانلىققا باراۋەر

كاپىرلارنى دوست تۇتۇپ, مۇسۇلمانلارغا قارشى جاسۇسلۇق قىلغان كىشىلەر ھەققىدە كەلگەن دەلىللەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، تۆۋەندە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى زىكىر قىلىمىز:

قال الله تعالى: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَتَّخِذُوا عَدُوِّي وَعَدُوَّكُمْ أَوْلِيَاءَ تُلْقُونَ إِلَيْهِمْ بِالْمَوَدَّةِ وَقَدْ كَفَرُوا بِمَا جَاءَكُمْ مِنَ الْحَقِّ يُخْرِجُونَ الرَّسُولَ وَإِيَّاكُمْ أَنْ تُؤْمِنُوا بِاللَّهِ رَبِّكُمْ إِنْ كُنْتُمْ خَرَجْتُمْ جِهَادًا فِي سَبِيلِي وَابْتِغَاءَ مَرْضَاتِي تُسِرُّونَ إِلَيْهِمْ بِالْمَوَدَّةِ وَأَنَا أَعْلَمُ بِمَا أَخْفَيْتُمْ وَمَا أَعْلَنْتُمْ وَمَنْ يَفْعَلْهُ مِنْكُمْ فَقَدْ ضَلَّ سَوَاءَ السَّبِيلِ﴾ (الممتحنة: 1)

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۇئمىنلەر! مېنىڭ دۈشمىنىمنى ۋە سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار سىلەرگە كەلگەن ھەقىقەتنى (يەنى ئىسلامنى، قۇرئاننى) ئىنكار قىلغان تۇرسا، ئۇلارغا دوستلۇق يەتكۈزىسىلەر. ئۇلار پەرۋەردىگارىڭلار الله قا ئىمان ئېيتقىنىڭلار ئۈچۈن پەيغەمبەرنى ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقاردى. ئەگەر سىلەر مېنىڭ يولۇمدا جىھاد قىلىپ ۋە رازىلىقىمنى تىلەپ چىققان بولساڭلار (ئۇ چاغدا مېنىڭ دۈشمىنىمنى ۋە سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلارنى دوست تۇتماڭلار)، سىلەر ئۇلارغا يوشۇرۇن دوستلۇق يەتكۈزىسىلەر، مەن سىلەر يوشۇرغان ۋە ئاشكارىلىغان نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىمەن. كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇپ، ئۇلارغا پەيغەمبەرنىڭ خەۋەرلىرىنى يەتكۈزىدىكەن)، ئۇ ھەقىقەتەن توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ [1].﴾

بۇ ئايەتتە الله تائالا مۇئمىن بەندىلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ خەۋەرلىرىنى، شۇنداقلا, مۇسۇلمانلارغا زىيان ۋە ئەرزىيەت يېتىدىغان نەرسىلەرنى كاپىرلارنىڭ پايدىلىنىشى

ئۇچۇن يەتكۈزۈپ قويۇش ئارقىلىق مۇشرىكلارغا ياردەم بېرىشتىن چەكلىدى ۋە كىمكى شۇنداق قىلسا, ئۇلارنى دوست تۇتقان بولىدىغانلىقى، ئۇلارنى دوست تۇتقان كىشىنىڭ توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەن بولىدىغانلىقى ه بۇ توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىش ئوچۇق-ئاشكارا زىيان ئىكەنلىكىنى روشەن بايان قىلىپ بەردى.

**وقال الله تعالى: ﴿وَمَا كُنتَ تَرْجُو أَن يُلْقَى إِلَيْكَ الْكِتَابُ إِلَّا رَحْمَةً مِّن رَّبِّكَ فَلَا تَكُونَنَّ ظَهِيرًا لِّلْكَافِرِينَ﴾** (القصص: **86**)

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەن (پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى) قۇرئاننىڭ ساڭا نازىل قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلمىغان ئىدىڭ، پەقەت پەرۋەردىگارىڭ رەھمەت قىلىپ (ساڭا ئۇنى نازىل قىلدى)، كاپىرلارغا ياردەمچى بولمىغىن [86].﴾

**﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَتَّخِذُوا الْكَافِرِينَ أَوْلِيَاءَ مِنْ دُونِ الْمُؤْمِنِينَ أَتُرِيدُونَ أَنْ تَجْعَلُوا لِلَّهِ عَلَيْكُمْ سُلْطَانًا مُبِينًا﴾** (النساء: **144**)

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۇئمىنلەر! مۇئمىنلەرنى (دوست تۇتۇشنى) قويۇپ، كاپىرلارنى دوست تۇتماڭلار، سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا (يەنى مۇناپىق ئىكەنلىكىڭلارغا) الله نىڭ روشەن پاكىتى بولۇشىنى خالامسىلەر؟ [144].﴾

**﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَتَّخِذُوا الْيَهُودَ وَالنَّصَارَى أَوْلِيَاءَ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاءُ بَعْضٍ وَمَنْ يَتَوَلَّهُمْ مِنْكُمْ فَإِنَّهُ مِنْهُمْ إِنَّ اللَّهَ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ﴾** (المائدة: **51**)

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۇئمىنلەر! يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار بىر-بىرىنى دوست تۇتىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ، الله زالىم قەۋمنى ھەقىقەتەن ھىدايەت قىلمايدۇ [51].﴾

ئەبۇ جەئفەر رەھىمەھۇللاھ بۇ ئايەتنىڭ تەفسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: مۇئمىنلەرنى قويۇپ يەھۇدىي-ناسارالارنى دوست تۇتقان كىشى- شۇلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ،

مۇئمىنلەرگە قارشى ئۇلارغا ياردەم بەرگەنلەر ۋە دوست تۇتقانلار- شۇلارنىڭ دىنى ۋە مىللىتىدە بولىدۇ. ھەرقانداق بىر دوست تۇتقۇچى - گەرچە رازى بولمىسىمۇ - دوست تۇتقان كىشىنىڭ دىنىدا بولىدۇ. ئەگەر رازى بولسا, ئۇنىڭ دىنىغا رازى بولغان بولىدۇ. ئۇنىڭغا قارشى چىققان كىشىنى دۈشمەن تۇتىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆچۈن غەزەپ قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا, ئۇنىڭ ھۆكۈمى دوست تۇتقان كىشىسىنىڭ ھۆكۈمىدە بولىدۇ (يەنى ئۆلتۈرۈش، قىيىنىنىڭ ھالال سانىلىشىدا دوست تۇتۇلغان كاپىر بىلەن ھۆكۈمدە ئوخشاش دېگەنلىك بولىدۇ). (تەفسىر تەبەرى 10- توم 400- بەت)

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَتَّخِذُوا آبَاءَكُمْ وَإِخْوَانَكُمْ أَوْلِيَاءَ إِنِ اسْتَحَبُّوا الْكُفْرَ عَلَى الْإِيمَانِ وَمَنْ يَتَوَلَّهُمْ مِنْكُمْ فَأُولَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ﴾ (التوبة: 23)

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر ئاتىلىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار ئىماندىن كۇفرىنى ئارتۇق كۆرسە (كۇفرىدا مەھكەم تۇرسا)، ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار. ئىچىڭلاردىن كىملەركى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر (يەنى ئۇلارغا ئوخشاش مۇشرىكتۇر، چۈنكى مۇشرىكلىككە رازى بولغان ئادەممۇ مۇشرىك ھېسابلىنىدۇ) [23].﴾

## جاسۇسلۇقنىڭ بەزى كۆرۈنۈشلىرى- مۇسۇلمانلارغا قارشى كاپىرلارغا ياردەم بەرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ

كاپىرلارنىڭ جەڭدە پايدىلىنىشى ئۈچۈن, مۇسۇلمانلارغا قارشى كاپىرلارغا ياردەم بېرىش- ئۇلارغا ھەمكارلاشقانلىق ۋە ئۇلارنى كۈچلەندۈرگەنلىك بولۇپ، بۇ ئىسلام دىنىدىن چىقىرىپ تاشلايدىغان چوڭ كۇفرىدۇر.

شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: [ئىماننى بۇزغۇچى ئامىللارنىڭ سەككىزىنچىسى- مۇشرىكلارغا ھەمكارلىشىش ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى مۇشرىكلارغا ياردەم بېرىشتۇر.]

شەيخ سۇلايمان ئۇلۋان (اللە ئۇ كىشىنى ئەسىرلىكتىن قۇتۇلدۇرسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: [مۇسۇلمانلارغا قارشى كاپىرلارغا ھەرقانداق ياردەم بېرىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىش لازىم، چۈنكى ياردەم بېرىش كاپىرلارنى دوست تۇتقانلىقنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، بۇ- كاپىرلىق، مۇناپىقلىق ۋە قەلبتىكى كېسەللىك ھەم پاسىقلىقنىڭ بەلگىسىدۇر.]

## ئۆلىمالارنىڭ مۇسۇلمان جاسۇس ھەققىدىكى ئومۇمى بايانى

### ❁ بىرىنچى

مۇسۇلمان جاسۇسنى ئۆلتۈرۈش جائىز ئەمەس. بۇ ھەنەفىي ۋە شافىئىي مەزھەپ ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشى.

بۇ سۆزنى دېگۈچىلەر بىرقانچە دەلىللەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. شۇنىڭ قاتارىدىن- رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھاتەب ﷜ نى خەۋەرنى يەتكۈزگەن تۇرسىمۇ ئۆلتۈرمىگەنلىكى، ئەگەر مۇسۇلمان جاسۇسنى ئۆلتۈرۈش ۋاجىپ بولغان بولسا، رەسۇلۇللاھ ﷺ ھاتەب ﷜ نى ئۆلتۈرگەن بولاتتى.

يەنە شۇنىڭ قاتارىدىن- ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ﷜ دىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن:

**«لا يحل دم امرىء مسلم يشهد أن لا إله إلا الله، وأني رسول الله إلا بإحدى ثلاث: الثيب الزاني، والنفس بالنفس، والتارك لدينه المفارق للجماعة»** (رواه البخاري ومسلم وأبو داود والترمذي والنسائي)

«بىر اللە تىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، مېنىڭ اللە نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكۈش ھالال ئەمەس، پەقەت توي قىلغاندىن كېيىن زىنا قىلغان كىشى، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشى ۋە دىنىنى تاشلاپ مۇسۇلمانلار جامائىتىدىن ئايرىلغان كىشىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك كىشىنىڭ قېنىنى تۆكۈش ھالال.» (بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

ئەبۇ يەھيا رەھىمەھۇللاھ ئۇلارنىڭ جاۋابىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىگە شەرىئەتنىڭ يۇقىرىقى ھەدىستە بايان قىلىنغان ئۈچ تۈرلۈك كىشىلەردىن باشقا، بۇلاڭچىلار، لىۋاتەتچىلەر (يەنى بەچچىۋازلار)غا ئوخشاش كىشىلەرنى ھەم ئۆلتۈرۈشنى يوللۇق قىلغانلىقىنى دەلىل قىلدى.

ھافىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ: [تاھاۋىينىڭ مۇسۇلمان جاسۇسنىڭ قېنى مۇباھ بولمايدۇ] دېگەنلىكىنى نەقىل قىلدى. شافىئىي رەھىمەھۇللاھ: [تەئزىر بېرىلىدۇ] دېدى. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھ ۋە ئەۋزائى رەھىمەھۇللاھ: [دەردلىك ئازاب بېرىلىدۇ] دېدى. (فەتھۇل بارى 12- توم 310- بەت)

### ❁ ئىككىنچى

مۇسۇلمان جاسۇسنىڭ ھۆكمى زىندىقنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ قولغا چۈشۈشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلىپ كەلسە، تەۋبىسى قوبۇل قىلىنىدۇ (يەنى ئۆلتۈرۈلمەيدۇ). ئەگەر ئۇ قولغا چۈشكەندىن كېيىن تەۋبە قىلغانلىقىنى دەۋا قىلسا، تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ (يەنى ئۆلتۈرۈلىدۇ ئۇنىڭ). بۇ ئىبنى قاسىم رەھىمەھۇللاھ، مالىكى مەزھەپ ئۆلىمالىرىدىن سۇھنۇن رەھىمەھۇللاھ ۋە باشقا مەشھۇر ئۆلىمالارنىڭ سۆزىدۇر.

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق تىلغا ئالدى: [زىندىق قولىمىزغا چۈشكەندىن كېيىن، تەۋبە قىلغان بولسا، ئۆلتۈرۈش ۋاجىپ.] بۇ فىقھى ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ قارىشى.

زىندىق دېگىنىمىز- ئىسلامنى ئاشكارا قىلىپ، كۇفرىنى مەخپىي قىلغان كىشىدۇر. (مەجمۇئۇل فەتىۋا 28- توم 555- بەت)

ئەللامە ئىبنى رەشىد رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېدى: [جاسۇسنىڭ زىيىنى- مۇسۇلمانلارغا بۇلاڭچىدىنمۇ بەكرەك زىيانلىق، بۇزغۇنچىلىقى ئۇنىڭدىنمۇ يامانراق. الله بۇلاڭچىلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّمَا جَزَاء الَّذِينَ يُحَارِبُونَ اللّهَ وَرَسُولَهُ وَيَسْعَوْنَ فِي الأَرْضِ فَسَادًا أَن يُقَتَّلُواْ أَوْ يُصَلَّبُواْ أَوْ تُقَطَّعَ أَيْدِيهِمْ وَأَرْجُلُهُم مِّنْ خِلافٍ أَوْ يُنفَوْاْ مِنَ الأَرْضِ ذَلِكَ لَهُمْ خِزْيٌ فِي الدُّنْيَا وَلَهُمْ فِي الآخِرَةِ عَذَابٌ عَظِيمٌ﴾

﴿الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ ۋە يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قوللىرى ۋە سول پۇتلىرى كېسىلىشى ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك. بۇ (يەنى جازا) ئۇلار ئۈچۈن, بۇ دۇنيادا رەسۋالىق (ئېلىپ كەلگۈچىدۇر)، ئاخىرەتتە ئۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ [33].﴾

جاسۇس بۇلاڭچىنىڭ ھۆكۈمىدە بولۇپ، ئۇنىڭ تەۋبىسى قوبۇل بولمايدۇ. بۇ مۇناپىقلىقنى يوشۇرغانلىقى ۋە يالغان گۇۋاھلىق بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئىمام ئۇنى جازالاشتا بۇلاڭچىنى جازالاشتىكى ئۆلتۈرۈش، دارغا ئېسىش، سۈرگۈن قىلىش ۋە پۇت-قوللىرىنى قارىمۇقارشى كېسىش قاتارلىق جازالاردىن پەقەت ئۆلتۈرۈش ۋە دارغا ئېسىش بىلەنلا جازالايدۇ. چۈنكى سۈرگۈن قىلىش ۋە پۇت-قوللىرىنى قارىمۇقارشى كېسىش جاسۇسنىڭ زېمىندىكى بۇزۇقچىلىقلىرى ۋە مۇسۇلمانلارغا تاجاۋۇز قىلىشىنى كۆتۈرۈۋېتەلمەيدۇ. («ئەلبايان ۋەتتەھسىل» 2- توم 537- بەت)

ئەللامە تەسۋلى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېدى: [جاسۇسلارنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇلارنى جازالاش ئۆلتۈرۈش بىلەن بولىدۇ..]

### ❁ ئۈچىنچى

مۇسۇلمان جاسۇسنىڭ ھۆكۈمى- مۇرتەدنىڭ ھۆكۈمىدە بولۇپ، تەۋبە تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ تەۋبە قىلسا، تەۋبىسى قوبۇل بولىدۇ، ئەگەر تەۋبە قىلمىسا، ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ- مالىكى ئىماملىرىدىن ئىبنى ۋەھبى رەھىمەھۇللاھنىڭ قارىشى.

ئىبنى ۋەھبى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېدى: [جاسۇس مۇرتەد بولۇپ، تەۋبە تەلەپ قىلىنىدۇ.] («ئەتتەھرىر ۋەتتەنۋىير» 3- توم 78- بەت)

ئىبنى قاسىم رەھىمەھۇللاھ: [جاسۇسقا ـ ئۇ مۇناپىق بولسىمۇ ـ كۇفرى تۈرلىرىنىڭ ئەڭ قاتتىقى بىلەن ھۆكۈم قىلىنىدۇ] دېدى.

### ❁ تۆتىنچى

مۇسۇلمان جاسۇسنىڭ ئىشى ئىمامنىڭ ئىجتىهادىغا تاپشۇرۇلىدۇ. ئىمام ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن باشقا مۇناسىپ جازا بېرىدۇ. بۇ مالىكى ئىماملىرىنىڭ قارىشى بولۇپ، بۇنىڭغا ھەنبەلى ئىماملىرىدىن ئىبنى ئۇقەيلنىڭ قارىشى يېقىندۇر.

ئىمام ماۋەردى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: [ئىبنى ئۇقەيل كاپىرلار ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلغان مۇسۇلمان جاسۇسنى ئۆلتۈرۈشكە رۇخسەت قىلدى ۋە ئىبنى جەۋزى ‹داۋاملىشىشتىن قورقۇلسا› دېگەن سۆزنى زىيادە قىلدى.» («ئەلئىنساف» 15ـ توم 464ـ بەت)

ئىمام ئىبنى قەييۇم رەھىمەھۇللاھ ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھنىڭ مەزھىپىنى تاللىدى. «فەتھى غازىتىدىن ئېلىنغان پايدىلار» ناملىق كىتابتا، جاسۇسنى گەرچە مۇسۇلمان بولسىمۇ ئۆلتۈرۈشنىڭ جائىزلىقى بار. چۈنكى ھاتەب ﵁ مەككە ئەھلىگە خەۋەرنى يەتكۈزگەن ۋاقىتتا، ئۆمەر ﵁ رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئىزنى سورىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇ مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈش ھالال بولمايدۇ» دېمەستىن، بەلكى مۇنداق دېدى:

**«وما يدريك لعل الله قد اطلع على أهل بدر فقال: اعملوا ما شئتم»**

«ئۇ بەدىر ئۇرۇشىغا قاتناشقان، سەن قانداق بىلىسەن؟ بەلكى الله بەدىر غازىتىغا قاتناشقانلارنىڭ دىللىرىدىكىنى بىلىپ ئۇلارغا: ‹خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار، مەن سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى مەغفىرەت قىلىۋەتتىم› دېدى.»

رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ھاتەب ﵁ نى ئۆلتۈرۈشتىن چەكلىگۈچى ئامىلنى بەدىر غازىتىغا قاتناشقانلىق» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ جاۋابتا بەدىرگە قاتنىشىشتىن ئىبارەت

ئۆلتۈرۈشتىن چەكلىگۈچى ئامىل بولمىغان ھەرقانداق جاسۇسنى ئۆلتۈرۈشكە ئىشارەت بار. مانا بۇ ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھ ۋە ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھنىڭ ئىككى يولىنىڭ بىرىدۇر ۋە توغرا قاراش ـ جاسۇسنىڭ ئىشى خەلىپىگە تاپشۇرۇلۇپ، خەلىپە مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەتلىك دەپ قارىسا، ئۆلتۈرىدۇ. ئۆلتۈرمەسلىك مەنپەئەتلىك دەپ قارىسا، ئۆلتۈرمەيدۇ. (زادۇل مەئاد 3 ـ توم 371 ـ بەت)

❁ بەشىنچى

مۇسۇلمان جاسۇستىن جاسۇسلۇق تەكرارلانسا، ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ مالىكى مەزھەپ ئىماملىرىدىن ئىبنى ماجىشۇن رەھىمەھۇللاھنىڭ قارىشى.

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھنىڭ تاللىشىدا، مۇسۇلمان جاسۇستىن جاسۇسلۇق تەكرارلانسا، ئۆلتۈرۈلىدۇ. («ئىختىياراتۇل ئەمەلىيە» 261 ـ ابەت)

ئىمامى قۇرافى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: [مازىرى مۇنداق دېگەن: ‹مۇسۇلمان جاسۇس ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ تەۋبىسى قوبۇل بولۇشتا ئىختىلاپ قىلىنىدى. بىلمەستىن بىر قېتىم سادىر قىلغان بولسا، ئازابلىنىدۇ. تەكرارلانغان بولسا، ئۆلتۈرۈلىدۇ›.] («زەخىيرە» 3 ـ توم 400 ـ بەت)

❁ ئالتىنچى

ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھىمەھۇللاھنىڭ مۇسۇلمان جاسۇسنى ئۆلتۈرۈش مەسىلىسىدە ئىككى خىل سۆزى بولۇپ، بىرى، توختاپ تۇرۇش؛ يەنە بىرى، ئىمامنىڭ ئىجتىھادىغا تاپشۇرۇش. ئەگەر ئىمام ‹ئۆلتۈرۈشتە مەنپەئەت بار› دەپ قارىسا ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئەگەر ئىمام ‹قويۇپ قويۇشتا مەنپەئەت بار› دەپ قارىسا، ئۆلتۈرمەي قويۇپ قويۇلىدۇ.

هازىرقى زامان ئۆلىمالىرىدىن ـ شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ («رىيازۇسسالىھىين شەرھىسى» نامىلىق كىتاب 2 ـ توم 19 ـ بەت)تە ۋە ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھ («فىقھۇد دەئۋە فى سەھىيھىل ئىمامىل بۇخارى» 3 ـ توم 24 ـ بەت)تە جاسۇسنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

هازىرقى زامان ئۆلىمالىرىدىن ـ شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام رەھىمەھۇللاھ: [ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھنىڭ پىكرىنى تاللايمىز] دېدى. («زەخائىر» 1 ـ توم 288 ـ بەت)

ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: ‹مۇسۇلمان جاسۇسنى ئۆلتۈرۈش ئەمىرگە تاپشۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئىمام ‹ئۆلتۈرۈشتە مەنپەئەت بار› دەپ قارىسا، ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھ ۋە ئىبنى قەييۇم رەھىمەھۇللاھنىڭ پىكرىگە ئاساسلىنىپ تۈرۈپ ئۆلتۈرىدۇ. ئەگەر ‹ئۆلتۈرمەسلىك مەنپەئەتلىك› دەپ قارىسا، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە، ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇمۇللاھلارنىڭ مەزھەپلىرىگە ئاساسەن ئۆلتۈرمەيدۇ›.]

شەيخ ئەبۇ يەھيا رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: [مۇجاھىدلار جاسۇسلۇق خىزمىتىنى ئىسپاتلاش جەريانىدا، كاپىر ئەسكەرلەردىن تەركىب تاپقان مەخپىي جاسۇسلار بىلەن بولغان ئىچىنىشلىق جەڭلەرگە دۇچار بولىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ جاسۇسلار دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ دۆلەتنى، دۆلەت ھۆكۈمرانلىقىنى ۋە دۆلەت قانۇنلىرىنى قوغداش، شۇنداقلا، ئىسلام ئەھلى ۋە مۇجاھىدلارنى يوقىتىش، ئۇلارنى ئەسىرگە ئېلىش، ئازابلاش ۋە بۆلگۈنچىلىك سىلىشتا تايىنىدىغان بىردىنبىر قورالى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇجاھىدلار دۆلەتنىڭ ئاشكارا ۋە مەخپىي قوشۇنلىرى بولغان ـ بىخەتەرلىك ئىدارىسىنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانى قىلىشى كېرەك.

دۆلەتنىڭ كۈچى ۋە مەۋجۇد بولۇشى ـ مۇشۇ ئورگانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئىچكى ـ تاشقى ئىشلىرى، رەھبەرلىك ئىشلىرى ۋە دۆلەتنىڭ ئاساسلىق ئومۇمىي مەخپىي ئىشلىرىدا شۇ جاسۇسلۇق ئورگانلىرى (يەنى بىخەتەرلىك ئىدارىسى) قوغداش رولىنى ئۆتەيدۇ. شۇڭا جاسۇسلۇق ئورگانلىرىنى ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانى قىلىش ـ ئۆيگە ئىشىكتىن كىرگەنلىك، قادىر بولۇش

يوللىرىنى قىسقارتقانلىق ۋە بىر ئىشنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلماي، بېشىغا ئېسىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەددى-ھېسابسىز ماللىرىنى خىراجەت قىلىپ، چېكەتكىگە ئوخشاش ھەرتەرەپكە ئەۋەتكەن جاسۇسلىرى بولمىسا، خۇسۇسەن، ئەھلى سەلىپ كۈچلىرى ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن جىھاد مەيدانلىرىدا ياشاۋاتقان ھەربىر كىشى، ئەھلى سەلىپ تاجاۋۇزچى ئەسكەرلىرىنىڭ ھازىر قىلىۋاتقان ھۇجۇملىرى، زۇلۇملىرى ۋە مۇسىبەتلىرىنىڭ ئوندىن بىرىنى قىلالمايدىغانلىقىغا جەزىم قىلىدۇ.

جاسۇسلاردىن بىرىگە جاسۇسلۇق خىزمىتىنى ئىسپاتلاش، ئۆلتۈرۈش ياكى ئۇنىڭدىن باشقا جازالارنى ھۆكۈم قىلىشتا ئىسپاتلاشنىڭ شەرئى يوللىرى ۋە سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىچە:

1- جاسۇسلار ئىنتايىن مەخپىي بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىنچى خىزمىتى مەلۇمات توپلاپ كاپىرلارغا توشۇشتۇر. بۇ ۋاقىتتا، ئۇ جاسۇسنىڭ رەڭگى، گۇۋاھنامىسى، لاياقەتلىك بولۇشى، ئىلىملىك بولۇشى، كۆرۈنۈشى، جىنسى (يەنى ئەر-ئاياللىقى) سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ. مەن جاسۇسلۇق قىلىۋاتقانلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشى گۇمان قىلىشىدىن پايدىلانغانلىقىنى ۋە ئۆزىنى ئىلىمگە نىسبەت بەرگەن كىشىلەر ئىكەنلىكىنى مۇجاھىدلارنىڭ بەزىسىدىن ئاڭلىدىم.

2- ئۇ جاسۇسلارنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە جىھاد ساھەلىرىگە كەڭرى تارقالغانلىقى. ئۇلار سەۋەبلىك شەھەرلەر، كەنتلەر، بازارلار ۋەيران بولدى. مۇجاھىدلار قاراڭغۇ كېچىلەردە يۆتكىلىش قىلسىلا، ئەھلى سەلىپ كۈچلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى تەرىپىدىن بايقىلىپ، كۆپ كىشىلەر شەھىد قىلىنىدى ۋە ئەسىرگە چۈشتى.

كاپىرلارنىڭ ئاشكارا ئەسكەرلىرىگە چىقىم قىلغان ئىقتىسادىغا قارىغاندا، مەخپىي ئەسكەرلىرىگە چىقىم قىلغان ئىقتىسادى- ئۇلارنىڭ سان جەھەتتىن كۆپ ۋە ئەھمىيىتى مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنتايىن كۆپتۇر.

3 ـ جاسۇسلارنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسەن، مۇجاھىدلارنىڭ شەھىد قىلىنىشى، ئەسىرگە چۈشۈشى ۋە بىنالارنىڭ ۋەيران بولۇشى تېز سۈرئەتتە داۋاملاشماقتا. بۇ كاپىرلار ھەرساھە، ھەرتەرەپلەردە كەڭ كۆلەمدە قوللىنىۋاتقان مۇھىم بىر جەڭ شەكلى بولۇپ قالدى.

جاسۇسلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى ـ جاسۇسلارنى ئۇلار سەۋەبلىك يۈز بەرگەن شەھىد قىلىنىش، ئەسىر قىلىنىش، بومباردىمان قىلىنىش ۋە ۋەيران قىلىنىشتىن ئىبارەت مۇسىبەتلەرگە ئاساسەن ئازابلاش بولماستىن، بەلكى دەسلەپتىلا بۇ جاسۇسلارنىڭ مەلۇماتلىرىدىن بىز ھەركۈنى كۆرۈۋاتقان شەھىد قىلىنىش، ئەسىر قىلىنىش، بومباردىمان قىلىنىش ۋە ۋەيران قىلىنىشتىن ئىبارەت بۇ مۇسىبەتلەرنىڭ ئوخشاشلىرىنى توسۇش، بۇزۇقچىلىقلارنىڭ بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياكى بۇلارنىڭ بۇزۇقچىلىقىنى توختىتىش بولىشى كېرەك.

مۇجاھىدلارغا ھادىسە يۈز بەرسە، «بۇ ھادىسىلەرنىڭ كەينىدە كىم باردۇ؟ كىم شېرىكتۇ؟» دەپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، يۈز بەرمىگەندە، بۇلاردىن قوللىرىنى يىغىشى ۋە كۈتۈپ تۇرۇشى جائىز بولمايدۇ. بەلكى مۇجاھىدلارغا باشتىلا ئۆزلىرىنى ۋە مەركەزلىرىنى قوغداش، دۈشمەنلىرىنىڭ شانۇ ـ شەۋكىتىنى سۇندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يامانلىقىنى يىغىشى، ئۇلارنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىش ئۈچۈن ئىزچىل تۈردە پېيىغا چۈشۈشنى داۋام قىلىشى قاتارلىقلار ـ الله تائالانىڭ بۇ ئايىتىگە ئاساسەن، ۋاجىپ بولىدۇ: ﴿**وَقَاتِلُوهُمْ حَتَّى لَا تَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ الدِّينُ كُلُّهُ لِلَّهِ فَإِنِ انْتَهَوْا فَإِنَّ اللَّهَ بِمَا يَعْمَلُونَ بَصِيرٌ**﴾ (الأنفال: 39)

﴿پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغانغا قەدەر، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار. ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن) يانسا، الله ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ [39]. ئەگەر ئۇلار (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە، (ئى مۇئمىنلەر!) بىلىڭلاركى، الله سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلاردۇر، الله نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار، نېمىدېگەن ياخشى يارەمچى! [40]﴾

4 ـ مۇجاھىدلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ جىھاد كۆرۈنۈشلىرى ھۇجۇم قىلىش ۋە كۆپ يۆتكىلىش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىمكانىيىتى ۋە قۇدرىتى كەمدۇر. ئۇلارنىڭ ئېھتىياتى دائىمدۇر. دۈشمەنلەرنىڭ بومباردىمانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھۇجۇملىرى جاسۇسلارنىڭ مەلۇماتى بىلەن داۋامى بولماقتا. مۇشۇ جەھەتتىن جاسۇسلار سەۋەبلىك قوماندانلار ۋە يەككە شەخسلەردىن شەھىد بولغانلارنىڭ سانى ـ كاپىرلار بىلەن يۈزمۇ ـ يۈز بولغان ئۇرۇشلاردا شەھىد بولغانلارنىڭ سانىدىن كۆپ. جاسۇسلۇق خىزمىتى قىلغانلارنى ئىككى گۇۋاھچى تېپىلغانغا قەدەر ياكى ئۆزلىرى ئىختىيارى ۋە ئىختىيارسىز ھالدا ئېتىراپ قىلغانغا قەدەر ساقلاش ئىنتايىن تەس بولۇپ، مۇجاھىدلارنىڭ بەزى مەركەزلىرى جاسۇسلار تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ھالەتتە بومباردىمان قىلىنىپ كۆپ كىشىلەر شەھىد بولغان. ھەتتا مۇجاھىدلارنىڭ مەھكىمىلىرى (سوتخانىلىرى) جاسۇسلارنىڭ باشقا جاسۇس شايكىلىرى تەرىپىدىن بومباردىمان قىلىنغان.

5 ـ بىز جاسۇسلۇق قىلغان كىشىلەرنى، مەيلى ئۇلار ئىككى ياكى ئۈچ بولسۇن، ھەتتا يۈز بولۇپ كەتسۇن، ‹ئۆزى ئىقرار قىلغۇچە ياكى ئىككى گۇۋاھچى تېپىلغۇچە ساقلاش› دېگەن گەپنى قوبۇل قىلساق، بۇ ئۇلارنى ئۆز يولىغا قويۇپ بەرگەنلىك بولىدۇ. مۇجاھىدلارنىڭ تۈرمىلەر توگۇل، ئۆزلىرىنى ۋە ماللىرىنى ساقلايدىغان يېرى يوق تۇرسا؟

6 ـ بۇ جاسۇسلارغا كۈچىمىزنىڭ يېتىش ـ يەتمەسلىكى ياكى ئۇلارنىڭ ئىقرار قىلىش پوزىتسىيىسى ھەرخىل بولىدۇ. بەزى ۋاقىتتا مۇجاھىدلار ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلى كۆزەتكەندىن كېيىن تۇتسا، ئۇ ھالدا ئۇلارنىڭ جىنايىتىنى ئىسپاتلىيالايدۇ. بۇ كۆپىنچە مۇجاھىدلارنىڭ بىر قەدەر ئىمتىيازى بولغان، غەلىبە قىلغان يەرلەردە بولىدۇ ۋە بۇ ئاز ئۇچرايدىغان ھالەت. بەزىدە جاسۇس ئۆز قۇۋۋىتى، شەۋكىتى ۋە قەبىلىسى بىلەن قوغدىنىۋالغانلىقى، دۈشمەن مۇكەممەل ئىگە بولۇۋالغان يەرلەردە ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا تولۇق پاكىت بولسىمۇ ئىش ئىنتايىن تەس بولىدۇ. مۇجاھىدلارغا ئۇلارنى تۇتۇش قىيىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار سان جەھەتتىن كۆپ تۇرسا، زادى قانداق قىلىش كېرەك؟

7 ـ يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن، بۇ جاسۇسلارنىڭ كۆپىنچىسى كۈچ بىلەن قوغدىنىۋالغان، مۇسۇلمانلار ئىگە بولالمايدىغان كۇفرى دىيارىدا تۇرۇۋالغان بولۇپ، ئۇلارغا شەرئى مەھكىمە بىلەن ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنى ئەكىلىپ سوراق قىلىشقا ياكى ھۆكۈم قىلىشقا قادىر بولالمايدىغان جايلاردا زادى قانداق قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: بۇ جاسۇسلارنىڭ ھەممىسى قوغدىنىۋالغان تائىپە ياكى قان، ماللارغا تاجاۋۇز قىلغۇچى تائىپە ھېسابلىنىدۇ. بۇ ـ ئىختىلاپ قىلىنىدىغان نەرسە ئەمەس ۋە تەتقىقات تېمىسى ھەم ئەمەس. پەقەتلا ئۇلاردىن بىرىگە شەرئى يول بىلەن جاسۇسلۇق قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاش مەسىلىسىدۇر.

ئەگەر بىز جاسۇسلارنىڭ ئۇلارنى قوغداش، ھىمايە قىلىشقا ئەھدە تۈزۈشكەن ئىستىخبارات ئورگانلىرى بىلەن ئاشكارا ھەمكارلاشقانلىقىنى بىكىتسەك، بۇ جاسۇسلارنىڭ قوغدانغان تائىپە ئىكەنلىكىنى سۈپەتلەشتە ۋە ئۇلارغا قارشى ئۇلارنىڭ يامانلىقى توختىغانغا قەدەر، الله نىڭ ئەمرىگە قايتقانغا قەدەر ۋە الله نىڭ كەلىمىسى ئۈستۈن بولغانغا قەدەر، ئۇرۇش قىلىش پەرز ئىكەنلىكىدە ئىككىلىنىدىغان بىرمۇ كىشىنى تاپالمايسىز.

يۇقىرىدا بىرقانچە قېتىم تىلغا ئالغىنىمىزدەك، بۇ جاسۇسلارنىڭ زىيىنى ـ ئاشكارا بېسىپ كىرگەن كاپىرلارنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇقتۇر. بۇلارنىڭ دىن ۋە دۇنياغا پاساتچىلىق تېرىيدىغانلىقىدا ھېچقانداق پەرق يوق. پەقەت كاپىرلار ئاشكارا، جاسۇسلار بولسا مەخپىيدۇر.

شەرئەتتە كاپىرلارنىڭ سەپلىرىگە ئاشكارا كىرىپ ياردەم بەرگەن كىشى ھەققىدە «ئىككى گۇۋاھچى ياكى ئۆزىنىڭ ئىقرار قىلىشى ۋاجىپ» دېگەن سۆزنى سەلەف ۋە خەلەف ئۆلىمالىرىدىن ئاڭلاپ باقمىدۇق. بەلكى ئىش رەسۇلۇللاھ ﷺ بەدرى كۈنى ئۆز تاغىسى ئاببباس ﵁ غا دېگىنىدەك بولىدۇ:

**«أما ظاهرك فكان علينا، وأما سريرتك فإلى الله عز وجل»**

«ئەمما، سىنىڭ زاھىرىڭ ـ بىزنىڭ زىيىنىمىزغا بولدى، لېكىن سىنىڭ قەلبىڭ ـ الله قا تاپشۇرۇلىدۇ.»

جاسۇسلۇق بىلەن ئەيىبلەنگەن كىشىلەرنى شەرئى تونۇش يولى ‹جەزمەن سىلەرنىڭ زاھىرىڭلار ـ بىزنىڭ زىيىنىمىزغا بولدى› دېيىش.]

شەيخ ئەبۇ يەھيا رەھىمەھۇللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: [مەن بۇ جاسۇسلۇق مەسىلىسى ھەققىدە ئۇزۇن ئويلاندىم. جىھاد مەيدانىدىكى ۋە باشقا زېمىنلاردىكى مەن كۆرۈشۈشكە قادىر بولالايدىغان چوڭ ئۆلىمالار بىلەن مەسلىھەتلەشتىم. ئۆلىمالارنىڭ [ئىككى گۇۋاھچى بولۇش ياكى ئىختىيارى ۋە مەجبۇرى ھالدا ئىقرار قىلغان بولۇش] دېگەن سۆزى بىلەن بىز ياشاۋاتقان مۇھىت ئوتتۇرىسىدا چوڭ بىر مۇشكۇلات پەيدا بولدى. بىز بۇ شەرتنى ئوتتۇرىغا قويساق، ئۇ ھالدا جاسۇسلۇق خىزمىتى ئېلىپ بېرىۋاتقانلار مۇجاھىدلارنىڭ سەپلىرىدە، مەركەزلىرىدە، ئەسكىرى لاگېرلىرىدا خاتىرجەم ياشايدىغان شارائىت چىقىدۇ.

مەن ئىلگىرى ئېيتقاندەك، بۇنىڭ زىيىنى كۆپ، بۇزۇقچىلىقى ئومۇمىي بولغان ـ بۇ جاسۇسلارغا جاسۇسلۇق جىنايىتىنى ئىسپاتلاشتا، مۇجاھىدلارنى [ئىككى گۇۋاھچى ياكى جىنايەتچىنىڭ ئىقرارى بولۇش] دېگەن شەرت بىلەن چەكلەپ قويۇش لايىق بولمايدۇ.

چۈنكى ئىسلامىي دۆلەت بولۇپ، جاسۇسنىڭ جاسۇس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان قازىخانا ۋە ئىسلامنىڭ سوت مەھكىمىلىرى بولغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا، ئىش ئاسان بولغان بولاتتى. لېكىن بەزى ھالەتلەردە، بەلكى ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، مۇجاھىدلار ئۇ جاسۇسلارنى چاقىرىپ ئەكېلىپ، ئۇلارنى تۇرمىگە سولاپ، ئىقرار قىلدۇرىدىغان شارائىت يوق ياكى خەلىپىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، جاسۇس ‹مەن قىلمىدىم› دەپ تېنىۋالغان ھالەتتە، جاسۇسلۇقنى ئىسپاتلاشقا قادىر بولغىلى بولمايدۇ. بۇ ۋاقىتتا قانداقمۇ قىلارمىز؟

مۇشۇ سەۋەبتىن، شەرئەت قادىر بولۇش بىلەن قادىر بولالماسلىقنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىپ بەردى.

شەرىئەت خەلىپىنىڭ بۇلاڭچىلارغا ھەدلەرنى يۈرگۈزۈشكە قادىر بولالايدىغان ھالەتلىرى بىلەن ھەدلەرنى يۈرگۈزۈشكە قادىر بولالمايدىغان ھالەتلىرىنى ئايرىپ بەردى. (سارىمۇل مەسلۇل 1 ـ توم 507 ـ بەت)

قادىر بولۇش دېگەننىڭ مەنىسى ـ ئۇلارغا ھەدلەرنى يۈرگۈزۈشتە پاكىت ياكى جىنايەتچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىقرارى بىلەن ھەدنى تۇرغۇزۇش ۋە ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا بولۇشى دېگەنلىك بولىدۇ. (سارىمۇل مەسلۇل 1 ـ توم 507 ـ بەت)

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا جَزَاءُ الَّذِينَ يُحَارِبُونَ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَيَسْعَوْنَ فِي الْأَرْضِ فَسَادًا أَنْ يُقَتَّلُوا أَوْ يُصَلَّبُوا أَوْ تُقَطَّعَ أَيْدِيهِمْ وَأَرْجُلُهُمْ مِنْ خِلَافٍ أَوْ يُنْفَوْا مِنَ الْأَرْضِ ذَلِكَ لَهُمْ خِزْيٌ فِي الدُّنْيَا وَلَهُمْ فِي الْآَخِرَةِ عَذَابٌ عَظِيمٌ (33) إِلَّا الَّذِينَ تَابُوا مِنْ قَبْلِ أَنْ تَقْدِرُوا عَلَيْهِمْ فَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَحِيمٌ (34)﴾

﴿الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ ۋە يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قولى ۋە سول پۇتلىرى كېسىلىشى ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك. بۇ (يەنى جازا) ئۇلار ئۈچۈن بۇ دۇنيادا رەسۋالىق (ئېلىپ كەلگۈچىدۇر)، ئاخىرەتتە ئۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ [33]. سىلەر تۇتۇۋېلىشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، بىلىڭلاركى، الله مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر[34].﴾

